8804 ـ تەبىئىتى بۇزۇلغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

سوئال

بىز تۇرىۋاتقان بىنادىكى مۈشۈك بەك ۋەھشىيلىشىپ كەتتى بۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

تەپسىلى جاۋاپ

مۈشۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلۇپ، زىيان يەتكۈزىدىغان ھالەتكە كەلسە، ئىنسان ئۇنىڭدىن كېلىدىغان زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە توغرا بولىدۇ، ئۇ كىشىگە تۆلەم كەلمەيدۇ، بۇ خۇددى، پىچاق كۆتۈرۈپ ئۆيگە بېسىپ كىرگەن ئادەمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەنگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.